# شىنجاڭ
# ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学研究

(ئىچكى ژۇرنال)

ئومۇمىي 73 - سان

1

1989

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

新疆维吾尔自治区社会科学院

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئىبنى باتتۇتا (1333) نىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت
قانداق يازما يادىكارلىق ........................................ ئى . ئىبراھىموۋ 1

ئىلمىي ماقالىلەردىن تەرمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ................ 14

شىنجاڭنىڭ كۆمۈش پۇللىرى ........................................ ئەركىن روزى 22

«دولان» توغرىسىدا قىسقىچە بايان ..................... مۇختار قادىر (دولانى) 28

مەسئۇل تەھرىر : ئابلەت نۇردۇن

# ئىبنى باتتۇتا (1333) نىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت قانداق يازما يادىكارلىق

ئى. ئىبراھىموۋ

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ XIII ئەسىردە موڭغۇللارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ ۋەيران بولغان قىسمەن جايلىرى ئەسلىگە كەلدى. لېكىن ئەرەب ساياھەتچىلىرىدىن ئۇ يەرلەرگە بارغانلار ۋە XIV ئەسىردە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر ناھايىتى ئاز. ئىبنى باتتۇتا ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگەن ۋە بۇ ئىشلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى خاتىرىلىۋالغان. ئىبنى باتتۇتا ئۆزىنىڭ ئەھمىيەتلىك دوكلاتىنى ئۆز ۋاقتىدا يەرلىك يىلنامىلارغا كىرگۈزۈلمىگەن ماتېرىياللار بىلەن تولۇقلىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ مەلۇماتىغا بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچەيگەن. ئۇ ۋېنېتسىيىلىك ماركو پولو (1256 — 1323) دىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان. ئۇ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى رايونلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇ جايلاردىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى خېلى ياخشى ئىگىلىگەن، ئىبنى باتتۇتانىڭ خاتىرىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ئۈچۈن ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بەرگەن.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئىبنى باتتۇتانىڭ ئەسىرىگە نىسبەتەن بىر مەزگىل شۈبھىلىنىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشى كىشىلەرنىڭ ئۇنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىشىغا توسالغۇ بولدى. بەزى تەقرىزچىلەر ھەتتا ئىبنى باتتۇتانىڭ ساياھىتىنىڭ راستلىقىنى، ئۇنىڭ جۇڭگو ۋە باشقا دۆلەتلەرگە بارغانلىقىدەك ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلدى. ئەمما دۇنيا مىقياسىدا شەرقشۇناسلىقنىڭ، جۇغراپىيە تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئىبنى باتتۇتانىڭ دوكلاتىنىڭ «مىڭبىر كېچە» دىكى «شەدىربات مورخۇت» ھېكايىسىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، دوكلاتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى خىيالىي نەرسە بولماي، ئاپتورنىڭ ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىنى بىۋاسىتە كۆزەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنىدى. ئىلمىي باھار ياۋروپادىكى بەزى شەرقشۇناسلارنىڭ ئىبنى باتتۇتاغا بولغان ئىشەنچىسىنى تامامەن ئەسلىگە كەلتۈردى. مەسىلەن، ئۇنىڭ مالدىۋى ئارىلى توغرىسىدىكى دوكلاتى ياۋروپالىق بىرىنچى ساياھەتچىنىڭ مەلۇماتىدىكى تەپسىلاتلارنى دەلىللىدى. ئۇ مەلۇماتتىكى بايانلار ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىغا ئالاقىدار ئىدى. گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس كىبروكلىمان ماركوپولو ۋە ئىبنى باتتۇتانىڭ مەلۇماتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ماراكەشلىك ساياھەتچى ئىبنى باتتۇتانىڭ مەلۇماتى خېلى توغرا ئىكەن دەپ ھېسابلىغان. گوللاندىيىنىڭ ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىسى س. خيۇرگرېنىي ئىبنى باتتۇتانىڭ سۇماترا ئارىلى توغرىسىدىكى بايانىدىمۇ كىشىلەرنى گۇمانلاندۇرغىدەك مەسىلىنىڭ يوقلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئى. بۇ. كراچكوۋىسكى: «ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلغاندىلا، ئۇنىڭ دوكلاتىنىڭ راس ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىنى يەنىمۇ كۈچەيتكىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئىبنى باتتۇتانىڭ خارەزم، بۇخارا، سەمەرقەنت، پۈتكۈل ماۋارا ئۇننەھر، قىپچاق دالاسى، ساراي ۋە قىرىم توغرىسىدىكى؛ مەدەنىيەت، ئىقتىسادتوغرىسىدىكى؛ ھەر قايسى سۇلالىلەر ۋە ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشلەر توغرىسىدىكى؛ دىنىي ئېتىقادنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى ناھايىتى مول ۋە مۇھىم. ئۇنىڭ ئەسىرى خۇددى ئۆزگىچىلىككە ئىگە رەڭدار بىر پارچە سۈرەتكە ئوخشايدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ بۈگۈنكى كۈنگىچە رۇس تىلىغا (سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا مىللىي تىل - يېزىقلارغا) تولۇق تەرجىمە قىلىنمىدى، مەخسۇس تەتقىقات ئوبيېكتىمۇ قىلىنمىدى.

بىز بۇ ماقالىمىزدا ئىبنى باتتۇتانىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ساياھەت لىنىيىلىرىنى ئاددىيغىنە بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ خارەزم، سەمەرقەنت، ماۋارا ئۇننەھر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى جايلىرى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز، بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەھمىيىتىنى تونۇشتۇرۇش.

ئىبنى باتتۇتانىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا ئەل لەۋەتتى ئاتتىنج. ئۇ ماراكەشنىڭ تانژېر دېگەن يېرىدە قانۇن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە ھىجرىيە 703 - يىلى (1304 - يىلى) دۇنياغا كەلگەن. ياش ئىبنى باتتۇتا ئوقۇشنى تاماملىماي تۇرۇپلا، شۇ چاغلاردا

ئەۋج ئالغان ساياھەت ئىشلىرىغا قىزىقىپ قالىدۇ. 22 يېشىدا يەنى ھىجرىيە 725 - يىلى (1325 - يىلى) مەككىگە تاۋاپ قىلىشقا ئاتلىنىدۇ، ئۇ تانژېردىن يولغا چىقىپ پۈتكۈل ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىنى بويلاپ ئالېكساندرىيە ۋە قاھىرەگە بارىدۇ. 1326 - يىلى ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ پەلەستىن، سۈرىيەدىن ئۆتۈپ، مەككىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن يەنە بەسرە ئارقىلىق ئىرانغا بارىدۇ ۋە شىراز شەھىرىدە تۇرۇپ ئۇ يەرنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى خاتىرىلەيدۇ. كېيىن يەنە مىسوپوتامىيە، كۇفە، باغدات ۋە مۇسۇل قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولىدۇ. 1328 - يىلى ئۇ 2 - قېتىم مەككىگە بېرىپ ئىككى يىل تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ئەرەبىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىنى ساياھەت قىلىدۇ ۋە 3 - قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇ سۈرىيە، ئىران، ئىراق ۋە مالىيۇ، ئازىيۇ ئارقىلىق دەشتى قىپچاق ۋە كونىستانتىنپولىلارغا بارىدۇ، كېيىن ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا قايتىدۇ ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئۆزبېكخان (1312 — 1340) نىڭ پايتەختى ساراي بەركەدە تۇرىدۇ. ساياھەتچى ئۇ يەردىن يەنە خارەزم ۋە ماۋارا ئۇننەھرگە بارىدۇ. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئىبنى باتتۇتا خۇراسان ۋە ئافغانىستان ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدۇ. ئۇ چاغدا ھىندىستاننىڭ زېمىنى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىلكىدە ئىدى باتتۇتا دېھلىدە ئىككى يىل تۇرۇپ ھاجى بولىدۇ. كېيىن ھىندىستان سۇلتانى ئۇنى جۇڭگوغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. باتتۇ تاكىمە بىلەن مالدىۋى ئاراللىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ھاجىلىق قىلىپ بىر يېرىم يىل تۇرۇپ قالىدۇ. كېيىن ئۇ يەنە سەيلۇنغا بارىدۇ ۋە ئۇ يەردىن كېمە ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىدۇ. 1347 - يىلى ئۇ ئىران، مىسوپوتامىيە، سۈرىيە، پەلەستىن ئار- قىلىق مىسىرغا بارىدۇ ۋە مەككىنى 4 - قېتىم ھەج قىلىدۇ. 1349 - يىلى ئىبنى باتتۇتا ۋەتىنى ماراكەشكە قايتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدىكى ماراكەشنىڭ ھۆكۈمرانى مارىنىد سۇلالىسىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق پادىشاھى ئەبۇئىنان پارس (1318 — 1358) ئىدى. ئىبنى باتتۇتانىڭ ساياھىتى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى. 1352 - يىلى ئىبنى باتتۇتا ئەبۇ ئىناننىڭ بۇيرۇقى بويىچە سوداننىڭ غەربى ئارقىلىق مالىغا بارىدۇ. ئۇ تىمبۇكتىقا بېرىپ، ئاندىن شەرققە قاراپ مېڭىپ تاگاددا غا بارىدۇ. 1353 - يىلىنىڭ ئاخىرى، فېسقا قايتىپ كېلىپ، قالغان ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ. ئىبنى باتتۇتا 770- يىلى (1368 — 1369) يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. يەنە بىر خىل گەپتە 779 (1377) - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن دېيىلىدۇ.

ئىبنى باتتۇتا 30 يىلدەك ساياھەت قىلىش داۋامىدا شۇ دەۋردىكى پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى: ئافرىقا، ئاسىيا، ھىندىستان ۋە شەرقىي ياۋروپا —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتلانتىك ئوكيان بويىدىكى تانژېردىن خانبالىق — جۇڭگونىڭ پايتەختىگىچە، ۋولگا دەرياسى بويىدىكى ساراي بەركەدىن تىمۇكتۇقىچە بولغان جايلارنى كېزىپ چىققان، ئۇنى ساياھەت قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سانى جەھەتتە ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك ساياھەتچى دېيىشكە بولىدۇ. ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ مۆلچەرىچە، ئىبنى باتتۇتا 75 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى كېزىپ چىققان.

ئىبنى باتتۇتا ماراكەشكە قايتقاندىن كېيىن مارىنىد دۆلىتىنىڭ خانى ئەبۇ ئىنان پارسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بىلىمگە تويغان مىرزىبەگ مۇھەممەت ئىبنى جۇزائىيە ئەلى كابىر ئۇنىڭ بايانلىرىنى رەتلەپ چىققان. ئۇ مىرزىبەگ ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش بىلەنلا شۇغۇللىناتتى. 1355 - يىلى 12 - ئايدا رەتلەش ئىشى ئاخىرلاشتى. جۇزائىيە ئۇنى يەنىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەپ 1356 - يىلى 2 - ئايدا «چەت مەملىكەتلەردە كۆرگەن ئاجايىپ ئىشلار» دېگەن نام بىلەن كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقتى.

ئىبنى باتتۇتانىڭ ئەسىرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپاغا تارقالدى. ئۇ ۋاقىتتا تارقالغىنى ئىبنى باتتۇتانىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسى ئىدى. «كىچىكلىتىلگەن نۇسخا» نىڭ تۇنجى مۇكەممەل نۇسخىسىنى سامۇئىل. لى 1829 - يىلى «ئىبنى باتتۇتانىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ كېمبىرىج ئاممىۋى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان، كىچىكلىتىلگەن ئەرەبچە قول يازما نۇسخىسىدىن قىلىنغان تەرجىمىسى ۋە تەرجىماننىڭ تەپسىلىي باھاسى» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلدى.

فرانسىيە ئالجىرىيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن پارىژدىكى خەلق كۇتۇپخانىسى «ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ بەش خىل ئەرەبچە قول يازما نۇسخىسى ۋە ئىبنى جۇزائىيەنىڭ قىسمەن قول يازمىلىرىنى يىغىپ ساقلىغان. فرانسىيە شەرقشۇناسى ش. دېفرېمېرى بىلەن ب. ر. سانگىنېتتىلار 1853 — 1858 - يىللاردا مۇشۇ قول يازمىلار ئاساسىدا ئەرەبچە ئەسلىي ئورگىنالىنىڭ پۈتكۈل تېكىستى ۋە فرانسۇزچىغا قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسىنى مۇكەممەل تۆت توملۇق ئەسەر قىلىپ نەشىر قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئىزاھات ۋە مول مەزمۇنلۇق مۇقەددىمە قوشقان. بۇ كىتابنىڭ نەشىر قىلىنىشى ياۋروپادا «ساياھەت خاتىرىسى» نى باشقا تىللار بىلەن تەتقىق قىلىش ۋە تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئاساس سېلىپ بەردى.

ھازىر كىشىلەر ئىبنى باتتۇتا ۋە ئۇنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» گە ئالاقىدار نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدى. مەزكۇر «ساياھەت خاتىرىسى» ھازىر لاتىن، پور-

تۇگالىيە، نېمىس، شىۋېت، ئىتالىيان، پولەك، چېخ، تۈرك، پارس تىللىرىدا تەر-
جىمە قىلىندى. ئۇنىڭ بىر قىسمى رۇسچىغا ۋە دۇنيادىكى باشقا تىل - يېزىقلارغا
تەرجىمە قىلىندى. 1958 — 1962 - يىللىرى خ. گىببۇ ئىبنى باتتۇتانىڭ ساياھەت
خاتىرىسىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ تەر-
جىمە نۇسخىنى باشقا تەرجىمە نۇسخىلار ئىچىدىكى ئەڭ توغرا تەرجىمە نۇسخا
دېيىش مۇمكىن. خ. گىببۇ 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ساياھەت خاتىرىسى» نى
تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن گۇمانلىق جايلارنى، كىشىلەر ئۇزاقلار-
غىچە توقۇلما دەپ ھېس قىلغان تەرەپلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ
ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

بۇگۈنكى كۈندە ئىبنى باتتۇتانىڭ بايانىنىڭ مۇھىملىقى تولۇق ئايان بولدى.
ئىبنى باتتۇتانىڭ مەلۇماتى دۇنيانىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقى بولۇشتەك ئەھمىيەتكە
ئىگە. ئۇنىڭ بايانلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى
تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ۋە پايدىلىق، چۈنكى ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى
زاماندىكى ئەھۋالىنى ئۆزكۆزى بىلەن كۆرۈپ مەلۇمات قالدۇرغان كىشى. ئۇنىڭ ئۆز
ۋاقتىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتى ھېلىمۇ خېلى ياخشى يازما
يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا بىردىنبىر تارىخىي شاھىددۇر.

ئىبنى باتتۇتانىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى ساياھەت خاتىرىسى خارەزمنى
بايان قىلىشتىن باشلىنىدۇ. خۇددى ئا. يۇ. ياكۇبوۋسكى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك،
XIV ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بايانلىرى بىردىنبىر
شاھىدتۇر. ئىبنى باتتۇتا خارەزمنىڭ پايتەختىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ. «......
بۇ بىر ئىنتايىن ھەشەمەتلىك، ئىنتايىن كۆركەم، ئىنتايىن زور بولغان تۈرك
شەھىرى ئىكەن. ئۇنىڭ تولىمۇ چىرايلىق بازارلىرى، ئازادە كوچىلىرى بار ئىكەن.
تاشقى كۆرۈنۈشى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدىكەن. ئاھالىسى كۆپ
بولۇپ، گويا دېڭىز دولقۇنىدەك قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمگەنىكەن. بۇ شەھەرگە
ئۆزبېك سۇلتانى ئەۋەتكەن ئەمىر قۇتلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن. ئەمىر
مەدرىس ۋە ئىمارەتلەرنى سالدۇرغانىكەن. مەسچىتلەر بولسا ئۇنىڭ دىنغا ئىخلاس-
مەن ئايالى تۇرابەك خاتۇن تەرىپىدىن سالدۇرۇلغانىكەن. خارەزمدە بىر شىپاخانە
بولۇپ، ئۇنىڭدا نىسبىبىي جەمەتىدىن چىققان سۇرىيەلىك بىر دوختۇر ئىشلەيدىكەن،
ئۇ سۇرىيەنىڭ ساخيۇن دېگەن يېرىدىن كەلگەنىدەك قىلىدۇ».

خارەزمنىڭ ئاھالىسى توغرىسىدا ئىبنى باتتۇتا مۇنداق دەيدۇ: «مەن دۇنيادا
خارەزملىقلاردەك ئاقكۆڭۈل، ئالىيجاناب، ياقا - يۇرتتىن كەلگەنلەرگە مېھماندۇست-

لۇق قىلىدىغان خەلقلەرنى ئۇچراتمىغانىدىم».

ساياھەتچى يۇقىرىقىلارغا ئۇلاپلا ئامۇ دەرياسىغا دائىر بەزى ئەھۋاللارنى بايان قىلىدۇ: «بۇ جەننەتتىن باشلانغان تۆت دەريانىڭ بىرىدۇر، بۇ دەريا ۋولگا دەرياسىغا ئوخشايدۇ، قىشتا بەش ئاي مۇز تۇتىدۇ، كىشىلەر ئۈستىدە ماڭالايدۇ، ئەگەر كىمدە - كىم ئەمدىلا مۇز قېتىشقا باشلىغان چاغدا مۇز ئۈستىدە ماڭسا، شۇ كىشى پالاكەتكە ئۇچرايدۇ. يازدا كېشىلەر كىمىگە ئولتۇرۇپ تېرمىزغا كېلىپ ئۇ يەردىن ئارپا، بۇغدايلارنى توشۇپ كېتىدىكەن. سۇنىڭ ئېقىشى بويىچە ماڭسا تېرمىزغا 10 كۈندە بارغىلى بولىدىكەن».

ئىبنى باتتۇتا خارەزمنىڭ مەركىزىگە كەلگەندە، دەسلەپتە شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇرغان. ئۇنىڭ بىر سەپەردىشى باش ھاجى سادىر ئەبۇ ھاپىي ئۆمەر ئەل بەكرى بىلەن كۆرۈشۈشكە بارغان. ئۇ ساياھەتچىنىڭ كەلگەنلىكىگە دائىر ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «... ھاجى كېلىپ ئىبنى باتتۇتانى كۈتۈۋالدى ۋە (سىلەر كۈندۈزى شەھەرگە كىرەلمەيسىلەر، مەن ياردەمچىم شىر ئەلى ئىسلامنى سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئەۋەتەي، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن يېرىم كېچىدە شەھەرگە كىرىڭلار) دېدى. بىز دېگىنىدەك قىلدۇق». ئىبنى باتتۇتا مۇنداق دەيدۇ: «بىز يېڭى مەدرىس ئىچىدە ياتتۇق. ئىلگىرى بۇ يەردە ئادەم ياتمىغانىكەن. بامدات نامىزىدىن كېيىن ھاجى شەھەرنىڭ بىر توپ مۆتىۋەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەۋلانە خومامىددىن، مەۋلانە زەيىنىددىن ئەل مەقدىسى، مەۋلانە رىدايىددىن يەھيا، مەۋلانە فادلاللاخ ئاررىداۋى، مەۋلانە جالالىددىن ئەل ئىمادى ۋە مەۋلانە شەمسىددىن ئەسسانجارى ھەم خارەزم ئەمىرىنىڭ ئىمامى قاتارلىقلار بار ئىكەن. ئۇلار ئادالەتنى خېلى ياقلايدىغان، كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇتازىلىتىك مەزھەپتىكىلەر بولسىمۇ بۇنى ئاشكارىلىمايدىكەن، چۈنكى ئۆزبېك سۇلتانى ۋە بۇ شەھەرنىڭ ئەمىرى قۇتلۇق تۆمۈر سۈننىي مەزھەپتە ئىكەن». ئىبنى باتتۇتا باشلىقلارغا مۇتازىلىتىك مەزھەپنىڭ ئەقىدىلىرى كەڭ تارقالغان بولسىمۇ ۋەزىپە ئۆتۈگۈچىلەر سۈننىيلەر مەزھەپنىڭ دىنىي قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىكەن، دېگەننى ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولىدۇ. ئىبنى باتتۇتا قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: خارەزمدە دىننى تەرغىپ قىلىدىغان، دىننى مەدھىيىلەيدىغان بىر گۇرۇھ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كاتتىلىرى مەۋلانە زەيىنىددىن ئەل مەقدىسى بىلەن مەۋلانە خوسامىددىن ئەل ماشاتى بولۇپ، كېيىنكىسىنى دۇنيا بويىچە زوكۇنچى تۆت دىن تارقاتقۇچىنىڭ بىرى دېيىش مۇمكىن».

خارەزم ئەمىرىنىڭ ئىبنى باتتۇتانى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئەمىرنىڭ ئوردىسىدا دائىر ئەھۋاللارنى ئىبنى باتتۇتا مۇنداق دەپ تەپسىلىي تەسۋىرلەيدۇ :

«قۇتلۇق ئەمىر، تۆمۈر ئۇلۇغ زات. ئۇنىڭ ئىسمى ئىنتايىن ئېسىل تۆمۈر قورال دېگەن مەنىدە، ... بۇ ئەمىر بۈيۈك ئۆزبېك سۇلتانى مۇھەممەتنىڭ ئانا جەمەت بىر نەۋرە ئۇكىسى شۇنداقلا مۇھەممەتنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئەمىرلىرىدىن بىرى، ئۇ خۇراساننىڭمۇ ۋالىيسى. ئۇنىڭ ئوغلى خارۇنبېك يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان سۇلتاننىڭ قىزىنى ئالغان ... ئۇنىڭ خوتۇنى تۇرابېك خاتۇننىڭ ئاقسۆڭەكلەر جەمەتىدىن ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان ...

بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىچى ئاساسەن ياغاچتىن ياسالغان چوڭ مېھمانخانىسىغا، ئۇندىن كېيىن كىچىك مېھمانخانىسىغا كىردۇق، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ياغاچتىن ياسالغان گۈمبەز بار ئىكەن. تاملىرى رەڭگا-رەڭ توقۇلمىلار بىلەن زىننەتلەنگەن، تۇرۇسىغا سىرىق تاۋار-دۇردۇن يېپىشتۇرۇلغانىكەن ....»

ئىبنى باتتۇتانىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن، موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرىشى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە خارەزم ئاساسەن ئەسلىگە كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ زور مەدەنىيەت، سودا ۋە ئىقتىسادىي مەركىزىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ ئوتتۇرا شەرق، يېقىن شەرق ۋە يىراق شەرقتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇن مەھسۇلاتلىرى ئارقا-ئارقىدىن توشۇپ كېلىنگەچكە، خارەزم نۇرغۇن خەلقئارا سودا كارۋانلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. شەھەرگە كىرمەكچى بولغانلارنىڭ كۆپچىسى ساياھەتچىلەر ياكى چەت ئەل سودا كارۋانلىرىنىڭ كەينىدە تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. ئەمما ئادەم كۆپ ئەھۋالدا شەھەر قوۋۇقى ۋە تامۇژنا خادىملىرى ئۇلارنى شەھەرگە كىرگۈزمەيدىكەن. ھەركۈنى شەھەردە رېتى بويىچە سەپراس بولغانلارلا شەھەرگە كىرەلەيدىكەن. دەل شۇ چاغدا خارەزمنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارى ھاجى ئىبنى باتتۇتا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تاڭ ئەندىلا سوزۇلغان چاغدا شەھەرگە كىرىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ساياھەتچىنىڭ ئەمىرى ئەمىر قۇتلۇق تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئايالى تۇرابېك خاتۇن توغرىسىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى بايان قىلغانلىقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلار شەھەرنىڭ ئاۋاتلىشىشى، شەھەر ئەس-

www.uyghurkitap.com

لىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە. شۇنىڭدەك ھەر قايسى رايونلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى جانلاندۇرۇشتا ئۆز رولىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرغان. ئىبنى باتتۇتا يۇقىرىقىلارغا ئۇلاپلا مۇنداق كۆرسىتىدۇ: سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخشۇناسلىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا قۇتلۇق تۆمۈرنىڭ نامىنىڭ ئانىدا - ساندا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ھازىرغىچە ئاساسەن تەتقىق قىلىنمىدى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى خارەزم ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. خارەزمگە ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلەنگەنلەر ئۇ خانلىقنىڭ خان ئوردىسىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن ئىدى. قۇتلۇق تۆمۈر ئۇ تەختكە چىقىشىغا ياردەملەشكەن ئۆزبېكخان (1310 — 1340) سۇلتانىنىڭ يېقىن ئادىمىدەك قىلىدۇ، ئۇ ساراي ئوردىسىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى خارەزم ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئىقتىساد، سودا - تىجارەت ۋە سىياسىي تۈۋرۈكى ئىدى، ئۈرگەنچ شەھىرى بولسا ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. ئىبنى باتتۇتانىڭ بايانلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۈرگەنچ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئالىملىرى، شائىرلىرى، يازغۇچىلىرى، پەيلاسوپلىرى ۋە روھانىيلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئۇلار ئۇ يەردە تۇرۇپ مەدرىسلەر ۋە قىرائەتخانىلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ يەردە نۇرغۇن پەننىي كىتابلار ساقلانغان. ئۈرگەنچنىڭ ئۆلىمالىرى، ئالىملىرى، مۇتەپەككۇرلىرى مۇستەقىل ھالدا مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، لېكىن ئۇلارنىڭ يەكۈنى ھېمىشە ئورتودوكسال مەزھىبىدىكىلەر بىلەن سۈننىي مەزھىبىدىكىلەرنىڭ ئەقىدىلىرىگە ماس كەلمىگەن. ئىبنى باتتۇتا مەلۇمات بېرىشىچە، ئۈرگەنچتىكى روھانىيلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇتازىلىتىك مەزھىبىدىكىلەر ئىكەن. ئۈرگەنچ ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ پايتەختى ساراي بەركە ۋە باشقا شەھەرلەردىكى روھانىيلار، شائىرلار ھەم يازغۇچىلارغا تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئورۇندۇر.

ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرى خەلق ئارىسىدا تارقالغاچقا، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. ئىبنى باتتۇتا ساراي بەركە توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆزبېك خانلىقىنىڭ پايتەختى ئەتراپىدىكى شەيخۇلئىسلام نومان ئاد - دىنا ئەل خارەزمىنىڭ گۈمبىزى توغرىسىدىمۇ توختالغان. سۇلتان ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ بىر قېتىم تاۋاپ قىلىدىكەن. «سۇلتان ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ سەممىي ۋە ئۈن چىقارماي دۇئا - تالاۋەت قىلىپ ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقىنى ئىپادىلەيدىكەن، ئەكسىچە شەيخۇلئىسلام ئۆزىگە

تەمەننا قويۇش پوزىتسىيەسىنى تۇتىدىكەن. ئۇنىڭ نامراتلارغا، بىنەلەيلەرگە ۋە چەت ئەللىكلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى سۇلتانغا تۇتقان پوزىتسىيەسىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن. سۇلتانغا ئەدەپلىك، مۇلايىم، سىلىق، ناھايىتى ھۆرمەتلەش پوزىتسىيەسىنى تۇتىدىكەن.

ئىبنى باتتۇتانىڭ ئۇ جايدىكى ئىمارەت خارابىلىرى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى توغرىسىدا قالدۇرغان مەلۇماتىمۇ خېلى ئەھمىيەتلىك. ئۇ بەزى مەسچىت، مەدرىس، ئوردا، مازار، بازارلارنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ خارابىلىرى ھازىرمۇ بار. ساياھەتچىنىڭ دوكلاتىدىن بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇكەممەللىكى جەھەتتە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ ئىككى پايتەختى — ساراي بەركە بىلەن ساراي باتۇدىكى ئىمارەتلەر كۆركەملىك ۋە نەپىسلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەرنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىبنى باتتۇتا كىيات ۋە ۋابكېنت شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ بۇخاراغا كېلىدۇ. بۇخارادا بۇ يەرنىڭ ھەممە جايلىرى قىرغىز خانلىقىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇخارا 1220 - يىلىدىن 1270 - يىلىغىچە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئۈچ قېتىملىق بۇلاڭ - تالاڭغا ۋە ۋەيران قىلىشىغا ئۇچرىغانىدى. ئىبنى باتتۇتا بۇخاراغا يېتىپ كەلگەن چاغدا بۇ قەدىمكى داڭلىق شەھەرنىڭ بازارلىرى، مەسچىت - مەدرىسلىرى خانىۋەيران بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما تىز پۈكۈپ بېقىنغان ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ خارەزم ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىمىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتى». ئىبنى باتتۇتا مۇنداق دەيدۇ: «شۇڭا ئۇلار دىنىي ئەسەبىيلىكنى مەدھىيىلەپ، يالغان سۆزلەيدىكەن ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدىكەن. ھازىر ئۇ يەردە بىلىۋالغىدەك بىلىم، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالىغىدەك كىشى قالمىدى».

ئىبنى باتتۇتا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز بۇخارادا ئالىم ئىمامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدۇق. بۇ ئىمام ‹ئەل جامى ئەسساخىخ› (‹ ھەقىقىي ھەدىسلەرنىڭ توپلىمى›) دېگەن ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ داھىسى ئەبۇ ئابدۇللا ئەل بۇخارىدۇر. ئۇ قەبرىنىڭ ئۈستىدە بۇ ‹قىسسەسۇلغەرايىپ› دېگەن ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى مۇھەممەت ئىبنى ئىسمايىل ئەل بۇخارىنىڭ قەبرىسىدۇر دېگەن بېغىشلىما بار».

ئەمەلىيەتتە ئىبنى باتتۇتا بۇ يەردە بىر سەۋەنلىك سادىر قىلغان. ئۇ. مەن بۇخارا شەھىرى ئىچىدىكى بۇخارى ئىمامنىڭ قەبرىسىگە باردىم دەپ كېسىپلا ئېيتقان. بىلىش كېرەككى، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان قەبرىنىڭ ئىزى ھېلىمۇ سەمەرقەنتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بار. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئاپتورنى بەك ئەيىبلەپ كەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھىندى ئوكياندا بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغاندا ئۆزىنىڭ بۇخارادا يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىسىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

ئىبنى باتتۇتا بۇخارادىن ماۋارائۇننەھرگە كېلىپ سۇلتان ئالاھىددىن تارماشىرىننىڭكىدە تۇرىدۇ. ئۇ بۇ سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئىككى ۋارىسى توغرىسىدا توختىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كونا ئىستېكلەردىن ۋاز كەچكەنلىكىنى، ئەمما چىڭگىزخان قۇرغان دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىدا بەلگىلەنگەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يېتەلىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىرق جەھەتتىن تەركىب تېپىشى قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئىبنى باتتۇتانىڭ بايانلىرىنى تارىخشۇناسلارنىڭ كېيىنرەك يازغان مەلۇماتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلۇغ ساياھەتچى گەرچە بەزى ۋەقەلەرنى يىل تەرتىپى بويىچە تەپسىلىي بايان قىلىشتا قىسمەن سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تارماشىرىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھەقىقىي تۈردە بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى ھەقىقىي سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىبنى باتتۇتا يەنە ئۆتمۈشتىكى بەزى بۈيۈك ئىمارەتلەرنىڭ خارابە ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان شەھەر سەمەرقەنتنى زىيارەت قىلىدۇ. «بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېسىل شەھەرلەرنىڭ بىرى». ئىبنى باتتۇتا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ شەھەر زەرەپشان دەرياسى بويىغا جايلاشقان. دەريا ياقىسىدا سۇ چاقپىلىكى بار ئىكەن، گۈللۈكلەر سۇ باشلاپ سۇغۇرۇلىدىكەن، دەريا ياقىسىدا شەھەر ئاھالىلىرى دەم ئالغاندا ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقلار ۋە يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرى بار ئىكەن». ئىبنى باتتۇتا يۇقىرىقىلارغا ئۇلاپلا يەنە كۆپ قىسمى خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن، ئوردا - قەسىر ۋە ئۆي - ئىمارەتلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئىبنى باتتۇتا سەمەرقەنت ئاھالىلىرىنىڭ چەت ئەللىكلەرگە مەرتلىك، ۋەدوستانىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى مەدھىيىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا كۇسما ئىبنى ئاببانىڭ قەبرىسىگە ئائىت بەزى ئەھۋاللارنى بايان قىلىدۇ. كۇسما ئىبنى ئابباس شەھەرنى ئىگىلىۋالغان تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. «سەمەرقەنت ئاھالىلىرى ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، جۈمە كۈنى كېچىسى بۇ قەبرىنى تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىكەن. تاتارلارمۇ كېلىپ ئۇ يەرنى يوقلاپ تۇرىدىكەن. ئۇلار نۇرغۇن ئۆشرە - زاكاتلار — بۇقا، قوچقار، دەرھەم، دىنار — لارنى نامراتلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ۋە قەبرىستانلىقتىكى شەيخلەرنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن خەيرى - ساخاۋەت قىلىدىكەن.

ئىبنى باتتۇتا سەمەرقەنتتىن ناسافقا، ئاندىن تىرمىزغا بارىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ. تىرمىز «ناھايىتى چوڭ شەھەر ئىكەن، ئۇنىڭ كۆركەم ئىمارەتلىرى، بازارلىرى بار ئىكەن. ئېرىق-ئۆستەڭلەر ھەر تەرەپكە سوزۇلغانىكەن، نۇرغۇن گۈللۈك ۋە ئۈزۈمزارلىق بار ئىكەن. بۇ شەھەردىكى 温薰 ( بانان ؟ ) ناھايىتى تاتلىق ئىكەن. گۆش ۋە سۈت كۆپ ئىكەن. شەھەر ئاھالىلىرى سەرراپتا سۈتنى سۇپۇن ئورنىدا چېچىنى يۇيۇشقا ئىشلىتىدىكەن. بۇنداق قىلغاندا، چاچ پارقىراپلا قالماي، كىشىنى ئۆزىنى سالقىن، ناھايىتى ھوزۇر ھېس قىلىدىكەن».

شۇنىڭدىن كېيىن ئىبنى باتتۇتا جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ خۇراسان رايونىغا بارىدۇ. ئۇ ۋەيران بولۇپ كەتكەن، ئادەم قالمىغان بەلىخ شەھىرىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلەيدۇ: «كىشىلەر بەلىخ شەھىرىنىڭ بىر قىسىم ياخشىراق ساقلىنىپ قالغان ئىمارەتلىرىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئاۋات شەھەر ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالىدۇ. قەدىمكى چاغلاردا ئۇ ھەشەمەتلىك، دائىرىسى كەڭ شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ مەسچىت ۋە مەدرىسلىرىنىڭ خارابىلىرىدىكى ۋە باشقا ئىمارەتلىرىدىكى رەڭلىك نەقىشلەر ھېلىمۇ بار ئىكەن.»

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبنى باتتۇتا ھىراتقا كېلىدۇ. ئۇ ھىراتنى خۇراسان رايونى بويىچە ئاھالىسى ئەڭ زىچ شەھەر دەپ ئاتايدۇ.

كىشىلەر ئىبنى باتتۇتانىڭ ئەسىرىدىكى بەزى مەلۇماتلاردىن ھىراتنىڭ ھۆكۈمرانى ھۈسەيىن سۇلتان غىياسىددىن ئەل گۇرى سۇلتانىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. داڭلىق سۇلتان ھۈسەيىن غىياسىددىن ئەل گۇرى سۇلتانىنىڭ ئوغلىدۇر. ئېيتىلىشىچە، ئۇ سىرلىق ۋە بەخت-سائادەت ئېلىپ كەلگۈچى ئىكەن، ئۇ ئىككى قېتىم ئاللاخاننىڭ مەدىتى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىپ، كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرغان. بىرىنچى قېتىم ئۆزىگە قارشى چىققان سۇلتان خەلىل بىلەن تۇقۇنۇشۇپ قېلىپ ئۇنى ئەسىر ئالغان. ئىككىنچى قېتىم ئۇ رافىز تەرەپدارىدىن بولغان سۇلتان مەسئۇدقا قارشى جەڭگە ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان، ئاخىرى مەسئۇد يېڭىلىپ، قېچىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن تەختىدىن مەھرۇم بولغان. سۇلتان ھۈسەيىن ئۆز ئۇكىسى ھاپىزى ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە چىققان. ھاپىزى بولسا ئاتىسى غىياسىددىننىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ سۇلتان بولغانىدى.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، ئىبنى باتتۇتا بۇ يەردە ھاپىزى ۋە ھۈسەيىننىڭ ئاكىسى شەمسىددىن مۇھەممەت قۇرغان سۇلالە توغرىسىدا توختالمىغان، خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ سۇلالە كۆپ دىگەندە ئون ئايچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

www.uyghurkitap.com

ئىبنى باتتۇتا خۇراسان، سەبزاۋار ۋە نىشاپۇردا قۇرۇلغان سەربىدارلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا يېتەرلىك دەرىجىدە تەپسىلى توختالغان. بۇ ھاكىمىيەت مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە يېرىم ئەسىرچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئىبنى باتتۇتا بۇ ھەقتە ئالاھىدە مۇھىم ماتېرىياللارنى قالدۇردى. ئۇ ماتېرىياللار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار تېخىمۇ ئاقكۆڭۈل كېلىدۇ دەيدىغان قاراشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، سەربىدارلار دۆلىتىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسىنى جانلىق تۈردە سۈرەتلەپ بەردى. «خۇراساندا ئىككى كىشى بار» دەيدۇ باتتۇتا: «بىرسى مەسئۇد يەنە بىرسى مۇھەممەت، ئۇلارنىڭ بەش باتۇر ھەمراسى بار. ئۇلار ئىراقنىڭ داڭلىق ‹رىسنتارىدۇر›، لېكىن خۇراساندا ئۇلارنى ‹سار باگلار› (ئاسىيلىق قىلغانلارنى دارغا ئاسقۇچىلار دەپ قارايدۇ. مەغرىپتە بولسا ئۇلارنى ‹سوكۇرلار› (قاراچۇغا - قۇزغۇنلار) دەپ ئاتىشىدۇ. بىر قېتىم سەربىدارلار بىخاك شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىگىلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا شەھەرلەرنىمۇ ئىشغال قىلىپ نۇرغۇن مال - مۈلۈك توپلىغان، ئەسكەر ئالغان ۋە ئۆزىگە لازىملىق ئات - ئۇلاقلارنى تەييارلىغان ..... قاچقان قۇللارمۇ ئىسيانچىلار قوشۇنىغا قوشۇلغان. قاچقان قۇللارنىڭ ھەر بىرىگە مەسئۇد ئات ۋە پۇل بەرگەن؛ ئالاھىدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىرىنى مەسئۇد ئەترەت باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ مۇشۇنداق كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، مەسئۇدنىڭ ئەمەلىي كۈچىمۇ خېلىلا كۈچەيگەن .... مەشھەدى تۇستا رافىز تەرەپدارلىرىنىڭ ھاسان ئىسىملىك دىنىي قائىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان شەيخۇلئىسلامى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى شەيخۇلئىسلام ھاساننىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، ئۇلار ئۇنى خەلىپە دەپ ئاتىغان. شەيخۇلئىسلام ھاسان سەربىدارلار تەشەببۇس قىلغان ھەققانىيەتنى ۋە دىنغا ئىشىنىشنى تەرغىپ قىلغان. ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسىدە كىشىلەرنىڭ دىنغا ۋە دىنىي قائىدىلەرگە بولغان ئىخلاسمەنلىكى ۋە ھۆرمىتى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، چۈشۈپ قالغان يەردىكى دىنار ۋە دەرھەمگە ئىگىسىدىن باشقا ھېچكىم كۆز قىرىنى سالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

ئىبنى باتتۇتا سەربىدارلارنىڭ رەقىبى، ھىراتلىق مالىك مائىززىددىن ھۈسەيىن كارتى مالىك بىلەن سەربىدارلارنىڭ داھىيسى مەسئۇد ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: «رافىز تەرەپدارلىرى 150 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر توپلاپ بۇشەنج تۈزلەڭلىكىدە ھۈسەيىن بىلەن توقۇنۇشتى، دەسلەپتە ئىككى تەرەپ تىركىشىپ قالدى. كېيىن رافىز تەرەپدارلىرى يېڭىلىپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ سۇلتانى مەسئۇد قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ خەلىپىسى ھاسان باشچىلىقىدىكى 20 مىڭ كىشى داۋاملىق

قارشىلاشتى، ھاسان ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلدى، 4 مىڭچە ئادەمى ئەسىرگە چۈشتى. بۇ ئەھۋاللارنى شۇ قېتىمقى جەڭگە قاتناشقان بىرەيلەن ماڭا ئېيتىپ بەردى.»

ئىبنى باتتۇتا مۇنداق دەيدۇ: «جەڭ ئەتىگەندە باشلاندى، چۈش ۋاقتىدا رافىز تەرەپدارلىرى يېڭىلدى، بۇ چاغدا مالىك ھۇسەيىن ئاتتىن چۈشۈپ نامىزىنى ئوقۇپ بولغان بولۇپ، قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى تىزىۋاتاتتى، باشقىلار ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ كاللىسىنى كېسىۋاتقان چاغدا، ئۇ يېقىن ۋەزىرلىرى بىلەن بىخرامان يەپ-ئىچمەكتە ئىدى. ھۇسەيىن بۇ قېتىمقى زور نۇسرەتتىن كېيىن، پايتەختكە قايتتى ...... بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مەن ھىندىستاندىن كەتكەندىن كېيىن، يەنى 748 - يىلى (1347) يۈز بەرگەن.»

ئىبنى باتتۇتانىڭ مەلۇماتىدا ۋاقىت جەھەتتە خاتالىق بار. تارىخشۇناسلارنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش 743 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (1342 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى) زاۋۇ دېگەن جايغا ئىككى فەرسەخ كېلىدىغان يەردە يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇ جەڭ ئۈچ كېچە-كۈندۈز داۋاملاشقان. خوندىمىر جەڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا 8 مىڭ كىشى ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.

ساياھەتچى يەنە باشقا بىرمۇنچە شەھەرلەرگە، مەسىلەن، جام، نىشاپور، تۇس، مەشھەد، قۇددۇس، باگلان، كابۇللارغىمۇ بارغان ھەممە ئۇ يەرلەر توغرۇلۇق ناھايىتى قىزىقارلىق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

قىسقىسى، ئىبنى باتتۇتانىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن دەسلەپكى قىسقىچە مەلۇماتىنى XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرىگە دائىر قىممەتلىك ماتېرىيال دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، ئىبنى باتتۇتانىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» نى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقى ئەرەبشۇناسلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ئۇچۇرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 8 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا خوجا

# ئىلمىي ماقالىلەردىن تەرجىمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

«چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا ۋە مىللىي مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە سىياسىتى» (ئاپتور: چېن گوگۇاڭ، «غەربىي قىسىم ئىلىم مۇنبىرى» شىنجاڭ، 1987 ـ يىل، 9 ـ سان، 36—49 ـ بەتلەر).

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا ۋە مىللىي مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە سىياسىتى تەدرىجىي ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ دەسلەپتە ئاساسلىقى بۇددا دىنىغا ئېتىبار بېرىپ ئىسلام دىنىغا چەك قويۇشتا ئىپادىلەنگەن. دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىش جەريانىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي سىياسەتنى سىياسىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىپ جۇڭغارلارغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. تىيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى گەرچە تىنچلىق ئاساسىدا جەنۇبىي شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشقا بىر مەھەل كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رايوندىكى ئىسلام دىنىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا نىسبەتەن تارىخىي قارىشى يېتەرسىز ۋە بۇ ھەقتە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەمتىرەپ قالغاچقا، بۇ، ئاق تاغلىقلارنىڭ قارا تاغلىقلارغا دىنىي جەھەتتە شەپقەتسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلىشىغا، شۇنداقلا كېيىن چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ فېئوداللىق دىنىي تەپرىقىچى ھاكىمىيەت قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە سەۋەب بولغان. بۇنىڭغا قارىتا چىڭ سۇلالىسى بويسۇنغانلارنى خاتىرجەم قىلىش، بويسۇنمىغانلارنى يوقۇتۇش ۋە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ پارچىلاش سىياسىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى قايتا ئىتائەت قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش سىياسىتىنى قوللانغان. بۇ مەزگىلدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ۋە دىنىي مەسىلىگە قاراتقان سىياسىتى توغرىسىدىكى تارىخىي تەجرىبىلىرى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىسلام

دىنى توغرىسىدىكى سىياسەتنى تۈزۈشتە مۇھىم ئۆرنەك بولغان. ( ئەسلىي ماقالە 9 مىڭ خەتلىك ).

شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات تەرەققىياتى مەسىلىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» (ئاپتور: يۈەن جۈن « شىنجاڭ پىلانلىق ئىگىلىك تەتقىقاتى » 1987 - يىل، كۆپەيتىلگەن 9 - سان، 22 - بەت).

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئورنى ۋە رولى ھەمدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

1 ) دۆلەتنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرى ۋە شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. 2) خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش لازىم. 3) ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئەپكىرىپ، پائال تۈردە مەبلەغ توپلاش لازىم. 4) يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى مەركەز قىلىش لازىم. 5) توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 6) ناھىيە دەرىجىلىك پىلان كومىتېتلىرى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا، ئاساسلىقى ئىككى ئىشنى ياخشى قىلىش كېرەك. (ئەسلىي ماقالە 4 مىڭ 100 خەتلىك)

«شىنجاڭنىڭ پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش» (ئاپتور: چېڭ سۈيچۇ، «شىنجاڭ پىلانلىق ئىگىلىك تەتقىقاتى» 1987 - يىل كۆپەيتىلگەن سانى).

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1 ) تەشكىلىي تۈزۈلمە جەھەتتە سىستېمىلارغا ۋە تارماقلارغا بۆلۈۋېتىش ئەھۋالى مەۋجۇت. 2) ھازىرقى تۈزۈلمىنىڭ ماكرو ۋە مىكرو جەھەتتىن تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ بۆلۈنۈشى نامۇۋاپىق بولغانلىقتىن تەدبىر بەلگىلەشتە ھەمىشە سەۋەنلىك كۆرۈلمەكتە. 3 ) باھا، باج، ئىناۋەتلىك قەرز ھەر قايسى باشقا - باشقا سىستېمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاچقا، ئۇلار بىر-بىرىگە تازا ماسلىشىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىقتىسادىي پىشاڭ ئارقىلىق ئىگىلىكنى مۇۋاپىق، توغرا باشقۇرغىلى بولمايۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە پىلانلىق باشقۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئاساسەن، ھازىرقى مەمۇرىي رايونلار ۋە مەمۇرىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۈزۈل -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېسەل ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادىي رايونلار بويىچە پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش، ئىقتىسادىي رايونلار بويىچە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش لازىم. ئەمما پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ئالدى بىلەن ئەمگەكنىڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە چوقۇم ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. پىلانلىق باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ تەسىس قىلىنىشى يەنە باشقۇرۇشنىڭ كۆپ قاتلاملىق خاراكتېرىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
( ئەسلىي ماقالە 3800 خەتلىك)

«شىنجاڭنى غەربىي ئاسىياغا قارىتا ئېچىۋېتىش توغرىسىدا بىر نەچچە تەكلىپ»،
( شىنجاڭنى سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە غەربىي ئاسىيا تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى) «شىنجاڭ گېزىتى»، 1988 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

1984 ـ يىلى، شىنجاڭ غەربىي ئاسىيادىن ئىمپورت قىلغان مالنىڭ سوممىسى 3 مىليون 580 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، ئېكسپورت قىلغان مالنىڭ سوممىسى 720 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. شىنجاڭنى غەربىي ئاسىياغا ئېچىۋېتىشتە، ئېكسپورتنى كۆپەيتىش، تاشقى پېرېۋوت توپلاشنى مەركەز قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى بېرىمىز: 1. نۆۋەتتە غەربىي ئاسىيادىكى بازارلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش لازىم. 2. ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. 3. ئۆزىمىزدە ئەمگەك كۈچى مول بولۇشتەك ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خام ئەشيانى ئىمپورت قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سىرتتىن ئېلىپ كېلىنگەن خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. 4. كۆپ خىل يوللاردىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك سودىلىشىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، غەربىي ئاسىيادا سېتىش سىستېمىسىنى ۋە مۇلازىمەت قىلىش تورلىرىنى بەرپا قىلىش لازىم. 5. توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش، بولۇپمۇ، ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت توپلاش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرەلەيدىغان سانائەت، سودا بىرلەشمە تىجارەت قىلىش شەكلىنى يولغا قويۇش كېرەك. 6. شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا كارخانىلىرى ئۇنۋېرساللىشىش، كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش، خەلقئارالىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى، مەملىكەت ئىچىدىكى ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، چەت ئەللەرنىڭ سېتىش مۇلازىمەت تورلىرى بىلەن زىچ بىرلەش

تۇرۇلگەن ئېكسپورت سودا سىستېمىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشىگە تىرىشىش لازىم. 7 - پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا غەربىي ئاسىيادىن تاشقى مەبلەغ كىرگۈزۈش، ھەممىدە مەركىزىنىڭ شىنجاڭدا ئىقتىسادىي تېخنىكا بويىچە ئېچىش رايونى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى بالدۇرراق تەستىقلاپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز. 8، غەربىي ئاسىياغا قارىتا ئەمگەك كۈچى ۋە تېخنىكا ئېكسپورت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ساياھەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق غەيرى سودىدىن تاپىدىغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمىمىزنى ئاشۇرۇش كېرەك. 9. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش، سودا خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. غەربىي ئاسىياغا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مەسىلىسىدە، بىزنىڭ ستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرىمىز مۇنداق: يېقىنقى مەزگىلدە (بەش يىل ئىچىدە) چەت ئەللەرنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ سانائىتى، دېھقانچىلىقى، چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي تېخنىكا ئېچىش رايونىدىن بىر قانچىنى ۋە ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر تۈركۈم بازىلارنى بەرپا قىلىش؛ ئارىلىقتىكى مەزگىل (10 يىل) دا: شىنجاڭ ئۆزىنىڭ خېلى قۇدرەتلىك بولغان ئىقتىسادىي، تېخنىكا كۈچى ئاساسىدا، غەربىي ئاسىياغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىش؛ كېيىنكى مەزگىل (20 يىل) دا: شىنجاڭنى سودا، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان سىرتقا يۈزلەنگەن رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، (ئەسلىي ماقالە 3300 خەتلىك).

«تۈركىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن شىنجاڭنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە نەزەر» (ئاپتور: ۋۇشىلياڭ. شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان غەربىي ئاسىيا تەتقىقاتى ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىسى).

ھازىر شىنجاڭ 50 نەچچە ئەرەب دۆلىتى ۋە رايونلار بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە سودا مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، تاشقى مەبلەغنى پايدىلىنىش، تېخنىكا كىرگۈزۈش جەھەتتە مەلۇم تەجرىبىگە ئېرىشتى. بۇ شىنجاڭنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە پايدىلىق. تارىخ، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن، تۈركىيە، شىنجاڭغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ ۋە ئىشتىياق بىلەن قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇلاردا بىر خىل سىرلىق ھېسسىيات بار. شىنجاڭنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تۈركىيىلىكلەر-

www.uyghurkitap.com

نىڭ شىنجاڭنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىۋېلىشىغا ياردىمى بولىدۇ. تۈركىيىنىڭ سودا-سانائەت ساھەسىدىكى بىر مۇنچە زاتلار شىنجاڭ بىلەن سودا جەھەتتە ھەمكارلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئارقا-ئارقىدىن بىلدۈرۈشتى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ كۆن-خۇرۇم ئىشلەش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور، شىنجاڭدا كۆن - خۇرۇم سانائىتى ۋە خۇرۇم كىيىم - كېچەك سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. كىشمىش ئۈزۈمنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە بىزنى بەزى تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلەشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شىنجاڭدا دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شەرت-شارائىت بار، تۈركىيىنىڭ كېۋەز تېرىش، ۋە ئۈزۈمچىلىك، دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئىشلەنگەن ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا بىز بىلەن تەجرىبە، تېخنىكا، مەبلەغ جەھەتلەردە ھەمكارلىشىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى بار. شىنجاڭنىڭ نېفىت، كۆمۈر ۋە سۇ بايلىقى مول بولۇپ، نېفىت، توك ئېنېرگىيىسى، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، مېتاللورگىيە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، يېمەك-لىكلەر سانائىتى قاتارلىق زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلۇپ، چەتتىن مەبلەغ ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت-شارائىت يارىتىلدى. تۈركىيە بۇ بىر نەچچە جەھەتتە، بولۇپمۇ سېمونت سانائىتى جەھەتتە مەلۇم تەجرىبىگە ئىگە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتى بىر نۆۋەت تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ سېمونت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى تۈركىيەدە ئاچتى، يىغىنغا قاتناش-قان ۋەكىللەر تۈركىيىنىڭ بەزى سېمونت سانائىتى ئەسلىھەلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان. شىنجاڭنىڭ قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى شىنجاڭنىڭ تۈركىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، سودا ھەمكارلىقىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ئىككى دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تۈركىيىنىڭ ئىستانبول ۋە پايتەخت ئەنقەرە قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىدە 20 مىڭدىن كۆپرەك شىنجاڭلىق مۇھاجىر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى سودىگەرچىلىك ۋە كۆن-خۇرۇم ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار جۇڭگو بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ

شىنجاڭ بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىشتىكى پايدىلىق ئامىلدۇر. (ئەسلىي ماقالە 9 مىڭ خەتلىك).

«جۇڭگو تارىخىدىكى قۇدىلىشىش تىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رولى» (ئاپتور: جۇ جىنجې، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 - يىل، 4 - سان، 49 — 54 - بەتلەر.

ئېلىمىز تارىخىدىكى قۇدىلىشىشنى ئاپتور تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئاساسىي تىپقا ئايرىغان: (1) مەركىزىي خانلىق پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان چاغدىكى پاسسىپ قۇدىلىشىش؛ (2) مەركىزىي خانلىق تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرغان چاغدىكى ئاكتىپ قۇدىلىشىش؛ (3) چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى قۇدىلىشىش. ئاپتور قۇدىلىشىش خەلق ئىچىدىكى يات مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىكى نىكاھلىنىش ئەمەس، ئۇ روشەن سىياسىي تۈس ئالغان بولۇپ. ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردىن مۇھىم رول ئوينىغان دەپ قارايدۇ. (1) زىددىيەتنى پەسەيتىپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتكەن؛ (2) باشقا دۆلەتلەر بىلەن يارىشىپ ئىتتىپاق تۈزۈش كېلىشىمى ئىمزالانغان؛ (3) ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان؛ (4) مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي ھالدا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش ۋە قوشۇلۇش يۈزلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن دەپ قارايدۇ. (ئەسلىي ماقالە 6 مىڭ خەتلىك).

«تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاساسلىق ئاھالىلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكىگە دائىر بىر نەچچە مەسىلە» (ئاپتور: ۋېي لياڭتاۋ، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 - يىل، 4 - سان، 13 — 19 - بەتلەر).

ئاپتور تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاساسلىق مىللەتلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسى ھەققىدە سۆبىيخەينىڭكىگە ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. (1) ئاپتور «شىمالىي سۇلالە تارىخى. تېلىلار تەزكىرىسى»دىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن VII — VIII ئەسىردە تارىم ئويمانلىقىدا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تېرىقچىلىق قىلغان دېگەن قاراشنى ئىسپاتلايدىغان تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل دەپ قارايدۇ. (2) يىراق قەدىمكى زاماندىكى خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا، «疏勒» تۈرك تىلىدىكى Sulu («سۇلۇق» دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئەمەس. (3) «خۇيچاۋنىڭ ھىندىستاندىكى بەش دۆلەتكە قىلغان ساياھىتى توغرىسىدىكى پراگمېنتلار» دىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، VIII ئەسىردىن بۇرۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئاساسىي ئاھالىلەر «خۇ» (غۇز) لار ئىككەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتا يەر ئاستىدىن تېپىلغان نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلار تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. (4) ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش ـ بولماسلىقىنى بويسۇندۇرغۇچى مىللەت بىلەن بويسۇندۇرۇلغان مىللەتنىڭ ئادەم سانىنىڭ نىسبىتى ئەمەس، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ «ئىقتىسادىي ئەھۋالى» نىڭ ياخشى ـ يامانلىقى بەلگىلەيدۇ. 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن يەرلىك ئاھالىلەر ئۇيغۇرلاشقان.

ئاپتور، ئۇيغۇرلار IX ئەسىردە ئاندىن كەڭ كۆلەمدە تارىم ئويمانلىقىغا كەلگەن. يەكەن خانلىقى مەزگىلى (1533 ـ 1682) دە، پۈتكۈل تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان، قۇمۇل ھەمدە تىيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى بىر خانلىق تەۋەسىدە بىرلىككە كېلىپ بولغان، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىن، تىل جەھەتلەردىمۇ بىرلىككە كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر يېڭى مىللەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسى ــ ئۇيغۇرلار شەكىللەنگەن. (ئەسلىي ماقالە 8 مىڭ خەتلىك).

«قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر ۋە قارۇشتىچە، خەنزۇچە خەت بار پۇللاردىكى ئۇدۇن شاھىنىڭ ئىسمى توغرىسىدا مۇھاكىمە» (ئاپتور: لىن مېيسۇن، مەدەنىي يادىكارلىقلار»، 1987 ـ يىل 2 ـ سان، 35 ــ 43 ـ بەتلەر).

قارۇشتىكى يېزىقىدىكى 661 kn ـ نومۇرلۇق پۈتۈك ۋە خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە خەت بار پۇللاردىكى قارۇشتىچە ناملارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاپتور تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك خۇلاسىگە كەلدى.

1. خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە خەت بار پۇللاردا ئۇدۇن شاھىنىڭ ئىسمى Gugnamaya (ياكى ــ da) دەپ يېزىلغان. بۇ ئىسىمنى «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسەن چيۇرېن دەپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرچە ئۇنى مىلادى 175 ــ 220يىللار ئارىلىقىدا تەختتە ئولتۇرغان دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن. شۇ مەزگىلدە ماگاخاندارا تىلى بىلەن قارۇشتى يېزىقى ئۇدۇنغا تارقالغان، خەنزۇچە، قارۇشتىچە خەت بار پۇل دەل ئەشۇ چاغلاردا قۇيۇلغان. مىلادى 202 ـ يىلى، ئۇدۇن شاھى چيۇرېن شەرقىي خەن سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغان .

(2) kn. 661 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە ئۇدۇن شاھىنىڭ ئىسمى vijidasimha دەپ يېزىلغان ، «لياڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسەن، ئۇنى شەنشى دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتىنى ھازىرچە بىلمىش تەس. ئۇنىڭ تەختكە چىققان يىلى مىلادى 220 ـ يىلدىن بۇرۇنراق بولۇشى، 220 ـ يىلى

دىن كېيىن بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ پۈتۈكتىكى تىل ۋە شەنشى دېگەن بۇ تەرجىمە نام ئۇدۇن شۇ چاغدا چوقۇم ساك تىلىنى ئىشلەتكەنلىكىنى ھەمدە يېزىقنى قوللىنىشقا باشلاپ — قارۇشتى يېزىقى بىلەن ساك تىلىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇدۇن خانى ۋىسانىڭ نامى چېلىقىشقا باشلىغان. ھۆججەتتە ئانچە - مۇنچە بىراھمى يېزىقىدىكى خەتلەرنىڭ چېلىقىشى بۇ خىل يېزىقنىڭ شۇ چاغدا ئۇدۇنغا تارىلىشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. (ئەسلىي ماقالە 8 مىڭ خەتلىك )

«ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەخشىبەندىيە دىنىي مەزھىپى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى خوجىلار، غەربىي شىمالدىكى مەزھەبلەر» (ئاپتور: چېن گوگۇاڭ، «دۇنيا دىن تەتقىقاتى»، 1988 - يىل، 1 - سان، 115 — 106 - بەتلەر.)

بۇ ماقالىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەخشىبەندىيە دىنىي گۇرۇھىنىڭ پەيدا بولۇشى، روناق تېپىشى ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى خوجىلار، غەربىي شىمالدىكى مەزھەبلەرنىڭ تارىخىي مەنبەسى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىنغان . نەخشىبەندىيە گۇرۇھىنىڭ كاتتىبېشى شەرقىي چاغاتاي سىستېمىسىدىكى خانلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، شىنجاڭدا دىن تارقىتىش دەرۋازىسىنى ئاچقان، 5 - ئەۋلاد ئىمام مەخدۇم ئەززەمنىڭ پائالىيەتلىرى قەشقەردىكى خوجا جەمەتلىرىنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ، ھەمدە XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە خوجىلارنىڭ ئىلاھىيەت - سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشىگە سەۋەب بولغان، ئەمما شىنجاڭدىكى خوجىلارنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بولسا غەربىي شىمالدىكى مەزھەبلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋەتەرەققىي قىلىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئاپتور ماقالىدە ئىسلام دىنىدىكى سوفىزمنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىش جەريانىدىكى مىللىيلىشىشى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى ئۈستىدىمۇ توختالغان، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنىدىكى سوفىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە روناق تېپىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا، بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت توختى

# شىنجاڭنىڭ كۈمۈش پۇللىرى

ئەركىن روزى

## 1. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى كۈمۈش پۇللىرى

شىنجاڭنىڭ كۈمۈش پۇللىرى قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شەرق-غەرب پۇل مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى ھەمدە تۈرى ئىنتايىن كۆپ، بەكمۇ نەپىس ئىشلەنگەن، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى پۇلشۇناسلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان ئەتىۋارلىق بىباھا يادىكارلىقلاردۇر.

كۈمۈش پۇللار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدا باشتىن ئاخىر ئاساسىي پۇل بولۇپ كەلدى. پۇلنى خەجلەشتە، سەر-مىسقال بىرلىك قىلىنغان، تۈردىن ئالغاندا كۈمۈش يامبۇ، كۈمۈش نوكچا، كۈمۈش دانىچە ۋە كۈمۈش تەڭگىلەر بولۇپ، تەڭگىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، تۈرى ئىنتايىن كۆپ.

شىنجاڭدا تەبىئىي ئالتۇن-كۈمۈشنى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىش نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، پۇلنىڭ كۈمۈش بىرلىكى تۈزۈمى مىلادىنىڭ دەسلەپكى ئەسىردىلا شەكىللىنىشكە باشلىدى.

1959-يىلدىن بۇيان قېزىۋېلىنغان قوچو خانلىقى دەۋرىدىكى ھۆججەت، توختامنامە ۋە ماددىي نەرسىلەرگە ئاساسلانغاندا، پۇل تۈزۈمى بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن بولۇپ، غەللە-پاراق، باج-خىراج ئۈچۈن كۈمۈش پۇل تۆلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۆز-خامۇ ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىنغان.

«جۇنامە. قوچو تەزكىرىسى» دە: «باج-خىراج تۆلەش ئۈچۈن كۈمۈش پۇل ھېساب قىلىناتتى، يوقلاردىن ماتا ئېلىناتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

«ۋېي خانلىقى تارىخى، قوچو تەزكىرىسى» دە: «موبىشىغا قاراپ كۈمۈش پۇل تۆلەيتتى، پۇلى يوقلىرى بۆز-خام تۆلەيتتى» دېيىلگەن.

قوچو خانى ئىدىقۇت، كىنگىت خانى ناگا، كۇچا خانى پوسپا، ئۇدۇن خانى ۋىسالارنىڭ ھەممىسى شۇ رايوندىكى يەرلەرنىڭ ئەڭ ئالىي خوجىسى ئىدى، يەرگە ئىگە ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالار ئۇلارغا باج-خىراج تۆلەيتتى، بەزىلىرى كۈمۈش پۇل، بەزىلىرى بۆز-خام تۆلەيتتى، كۇچادا «خىراجەتنى يەرگە قاراپ ئېلىش،

يېرى يوقلار بولسا كۈمۈش پۇل تۆلەش» تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن.

بۇ مەزگىلدە ئىشلىتىلگەن كۈمۈش پۇللارنىڭ ئىچىدە چەتتىن كىرگەن كۈمۈش تەڭگىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. تۇرپان، خوتەن، كۇچا، ئۈلۈغچات قاتارلىق جايلارنىڭ يەر ئاستىدىن، ئىراندا ئۆتكەن ساسانىلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ نۇرغۇن كۈمۈش تەڭگىلەر بىلەن ۋىزانتىيىگە مەنسۇپ بىر قىسىم ئالتۇن پۇل قېزىۋېلىندى. قېزىۋېلىنغان بۇ كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ كۆپىنچىسى غەربىي رايوندا مىلادىدىن بۇرۇنلا كۈمۈش پۇل ئاساسىي پۇل ئىكەنلىكىنى ۋە ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپلا كۈمۈش تەڭگە قۇيۇش تېخنىكىسى بىلەن تونۇشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. كىنىگىت ۋە كۇچا رايونلىرىدىن شۇ جاينىڭ ئۆزىدە قۇيۇلغان ئالتۇن پۇللار، كۈمۈش پۇللار ۋە مىس يارماقلار قېزىۋېلىندى. شۈەنزاڭ: «قوچو بىلەن كىنىگىت ئارىلىقىدا كۈمۈش تاغ (كۈمۈش) بولۇپ، ئۇ يەردىن كۈمۈش كۆپ چىقىدۇ. غەربىي رايوندا خەجلىنىدىغان كۈمۈش پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى شۇ يەرنىڭ كۈمۈشىدىن قۇيۇلىدۇ» دەپ يازغان. ①

VII ـ VIII ئەسىرلەرگە كەلگەندە شىنجاڭدا پۇل مۇئامىلىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش زاپىسىنىڭ زور مىقداردا ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كۈمۈش پۇل قۇيۇش تېخنىكىسىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر قويۇلدى.

VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۈركەش خانلىقى كونا ئۇيغۇر يېزىقى يېزىلغان كۈمۈش تەڭگە قۇيدۇردى. ئۇنىڭغا «تۈركەش خاقان باي بېگى» ② دەپ يازدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بايلارنىڭ بېگى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

غەربىي لياۋ دەۋرىدىكى كۈمۈش پۇللارمۇ ئىنتايىن نەپىس قۇيۇلغان، شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخىدا «پولات شەھىرىنىڭ غەربىدىكى جايلاردا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ئاقچىلار ئىشلىتىلىپ بۇ ئاقچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈك بولماي گۈللۈك نەقىشلەر بولاتتى» ④ دەپ يېزىلغان.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى كۈمۈش پۇللار شىنجاڭنىڭ پۇل تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

بۇ ھەقتە ئالىملار جاپالىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ تېخى ئۈزۈل-كېسىل باشقا ئېلىپ چىقىپ كېتەلمىدى. بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونى ئىچىدىكى قۇيۇلغان كۈمۈش پۇللارنىڭ بىزگىچە ساقلىنىش مىقدارىنىڭ ئاز بولۇشى، مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى قىيىنچىلىق بولۇپ قالدى.

«قاراخانىلار مىلادى X ئەسىردىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسىيا رايونىدا قۇرۇلغان خاندانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن پۇل تەتقىقاتىدا شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قاراخانىلارنىڭ XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى پۇلنى مەخسۇس تەتقىق قىلغۇچى ئالىم دەپ ئاتالغان ر. ۋاسمېر 1930 - يىلى ئېلان قىلىنغان «قاراخانىلار پۇلى» دېگەن ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا «تۈركىستاندىكى قاراخانىلارنىڭ پۇلى ئىسلام پۇلشۇناسلىقىدىكى ئەڭ قىيىن سەھىپىلەرنىڭ بىرى» دەپ كۆرسەتكەن. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ تەتقىقات تېمىسىدا خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. ئې. ئا. داۋىدوۋىچ تۈزگەن «تاجىكىستاندىن تېپىلغان قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر پۇللىرىنىڭ كاتولوگى» ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىسىدۇر. بۇنىڭدا 300 خىلدىن ئارتۇق كۈمۈش تەڭگىنىڭ رەسىملىك چۈشەندۈرۈشى بېرىلگەن ۋە بۇ ھەقتە تەپسىلىي تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى قاراخانىلارنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىدۇر. بولۇپمۇ تاجىكىستان دائىرىسىدىن تېپىلغان، يۈسۈپ قادىر خان قۇيدۇرغان 100 نەچچە دانە پۇل شىنجاڭ بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئېلان قىلىنغان پۇل ماتېرىياللىرىدا شىنجاڭدا پۇل قۇيۇلغان ئورۇنلاردىن ياركەنت، قەشقەر قاتارلىق جايلار بارلىقى ئېيتىلغان. كىتابتا XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى پۇللار بىلەن كېيىنكى يېرىمىدىكى پۇللارنىڭ كۈمۈش تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقى، كۈمۈش پۇل كىرىزىسى يۈز بەرگەچكە روشەن پەرق كۆرۈلگەنلىكىنى يەنى بارغانسېرى ناچارلاشقانلىقى ئېيتىلغان. شەھرىستاندىن تېپىلغان مىلادى 1013 - يىلى قەشقەردە قۇيۇلغان تەڭگىنىڭ تەركىبىدىكى كۈمۈش 80.48 % بولغان، ھالبۇكى نەچچە يىل ياكى 10 نەچچە يىل ئىچىدە كۈمۈش تەركىبى 59 % — 40 گە چۈشۈپ قالغان.

1981 - يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى لوندوندا «ئەنگلانت مۇزېيىدىكى پۇللارنىڭ كاتولوگى» نى نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «موڭغۇلىستان پۇللىرى» دېگەن تېمىدىكى رەسىملىك چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھلارنىڭ ھەممىسى كۈمۈش پۇللار ئۈستىدە بولۇپ، غەربىي رايوندىكى ھەر قايسى خانلىقلارنىڭ قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى پۇللىرى ئىدى. ئۇنىڭدا جەمئىي 100 خىلدىن ئارتۇق كۈمۈش پۇلنى تونۇشتۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى كۈمۈش پۇللار مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ مەمۇرىي قۇرۇلمىسىدا كۆپەكنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە مۇھىم ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. كۆپەك نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى كۆپ تارتىدىغىنى ئۇنىڭ نامىدا قۇيدۇرغان مىتال پۇلدۇر. بارتولد: «چاغاتاي خاندانلىقى

دائىرىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىپتىراپ قىلىنىدىغان پۇلنى قۇيىدۇرغان ھەم پارس ۋە ئالتۇن ئوردا خاندانلىقىنىڭ پۇل بىرلىكىنى ئۆلچەم قىلغان. كۆپەك دەرھەم ۋە دىنارنى قۇيدۇرغان» دەپ يازىدۇ.

شىنجاڭدا كۇمۇش تەڭگىلەر ئوبوروت قىلىنغاندىن باشقا يامبولارمۇ ئوبوروت قىلىنغان: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا 1284 - يىل 4 - ئايدا «بەشبالىقتا 10 مىڭ يامبو قىممىتىدىكى پۇل بىلەن سودا قىلىنغان» لىقى يېزىلغان. يامبو چوڭ - كىچىكلىكى جەھەتتە ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئەڭ چوڭى بەش يۈز مىسقال بولۇپ، بىر باش دەپ ئاتالغان ھەمدە 30 سەرلىك. 20 سەرلىك ۋە 10 سەرلىك كۇمۇش نوكچىلار، بەش سەر، ئۈچ سەر، ئىككى سەر ۋە بىر سەرلىك كۇمۇش چوكىلار ۋە بۇغداي دانىچىلىرىغا تەڭ كۇمۇش دانىچىلارمۇ خەجلەنگەن. ھەتتا چەت ئەلگە يامبۇ ئېكسپورت قىلىنغان «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابتا «قەشقەرىيىدىن ھىندىستانغا ئاساسەن ئەپيۇن بىلەن يامبو ئېكسپورت قىلىنىدىكەن» ⑤ دېيىلگەن. «چىڭگىزنامە» دە: «خان ئاگا رەھىم قىلىپ مىڭ باش كۇمۇش بۇيرىدى. ھەر باش بەش يۈز مىسقال دەپتۇر ....»، «چوتۇرغا ئالتۇن باش، بۆزگە كۇمۇش باش بۇيرىدى. بەزى (لەر) «بەش مىسقال دەپتۇلەر.» دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، ئۇ ۋاقىتتا 50 سەرلىك كۇمۇش يامبولارمۇ ئوبوروت قىلىنغان.

## 2 . شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زاماندىكى كۇمۇش پۇللىرى

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زاماندىكى كۇمۇش پۇللىرى خىلمۇ خىل، سۈپەتلىكلىكى جەھەتتە دۇنياغا مەشھۇردۇر. شىنجاڭ پۇل ئىلمىي جەمئىيىتىدىن دۇڭ چىڭشۈەن ماقالە ئېلان قىلىپ 68 خىل كۇمۇش پۇلنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ تونۇشتۇرغان كۇمۇش پۇللىرى 200 يىلدىن بۇيانقى پۇللار بولۇپ بىر نەچچە دەۋرگە بۆلۈنگەن، بۇلاردىن ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى، چيەنلۇڭ يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا ئاق كۇمۇش تەڭگە قۇيۇلغان. بىر دانىسى دەسلەپتە يېرىم سەر ئىدى. كېيىنچە بىر سەر بولغان.

1884 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭنىڭ كۇچا ناھىيىسىدە كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۇچاردىكى چىرىك ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن خەۋەردا بولغان خوتەن دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خوتەندە يەرلىك ھاكىمىيەت قۇردى. ھاكىمىيەت

www.uyghurkitap.com

بېشىغا مۇفتى ھەبىبۇللاخان ھاجىنى قويىدى. ھەبىبۇللاخان ھاجى «خوتەندە بىر مىسقاللىق شەرئى ئاق تەڭگە سوقتۇردى. ئۇنىڭ بىر يۈزىگە «لائىلاھە ئىللاللا مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» (ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەت بولسا ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇ — ت) دەپ، يەنە بىر يۈزىگە «زەرەبى خوتەن لەتىف» (گۈزەل خوتەندە سوقتۇرۇلدى — ت) دېگەن خەتلەرنى ئويدۇردى» ⑥.

1865 - يىلى ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا سوقۇنۇپ كىرىپ 1867 - يىلى جەنۇبتىكى يەتتەشەھەرنى ئىگىلەپ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن قەشقەردە «كۈمۈش تەڭگە سوقتۇردى. تەڭگىنىڭ ھەر بىر دانىسى بەش پۇڭدىن بولۇپ، چاغاتاي يېزىقىدا بىر تەرىپىگە «ئابدۇل ئەزىزخان» دەپ، بىر تەرىپىگە «زەرەبى قەشقەر لەتىف» (گۈزەل قەشقەردە سوقۇلدى — ت) دەپ يېزىلغان. بۇ كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ قۇيۇلغان ۋاقتى پۇلنىڭ ئۈستىدىكى يىلنامىلارغا قارىغاندا 1874 - 1877 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. يىلنامىسى يېزىلمىغانلىرىمۇ بار»، «تارىخى ھەمىدى» دە «ئابدۇل ئەزىز خاننىڭ نامىدا تىللا، تەڭگە ۋە چاقا پۇل قۇيدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى جارى قىلىپ، بۇ يەتتە شەھەرنى خەلپەرۇم - دۆلەت ئوسمانىنىڭ تەۋەلىكى دەپ ئاتىدى. بۇ ۋاقىت تارىخىي ھىجرى 1286 - يىلى (مىلادى 1869 - يىلى — ت) ئىدى.» ⑦ دەپ يېزىلغان.

1887 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ياقۇپبەگنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن گۇاڭشۈي تەڭگىسىنى قۇيدۇرغان. شىنجاڭدا قۇيۇلغان گۇاڭشۈي تەڭگىلىرىنى تۆت خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنچى خىلى ياقۇپبەگ تەڭگىسىگە تەقلىد قىلىپ قۇيۇلغان ئىككى تەرىپىدە ئۇيغۇرچە كونا يېزىقى بار تەڭگىلەر، مىلادى 1877 -، 1878 -، 1879 - يىللىرى ئاقسۇ، كۇچالاردا سوقۇلغان بەش پۇڭلۇق تەڭگىلەردۇر. ئىككىنچى خىلى 1879 — 1891 - يىلغىچە قەشقەردە سوقۇلغان ئۇيغۇرچە، مانجۇچە، خەنزۇچە يېزىقى بار بەش پۇڭلۇق تەڭگىلەر، ئۈچىنچى خىلى 1880 — 1882 - يىللىرى ئاقسۇدا سوقۇلغان بەش پۇڭلۇق تەڭگىلەردىن ئىبارەت.

1880 - يىلى زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدىلا ئوبوروت قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن لەنجۇدا بىر مىسقاللىق كۈمۈش پۇل قۇيدۇردى، بۇ خىل كۈمۈش پۇلنىڭ ئوتتۇرىسى تۆت چاسا تۆشۈك بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خېتى بار، لېكىن بۇ كۈمۈش پۇلنىڭ تەننەرقى يۇقىرى، زىيىنى چوڭ بولغانلىقتىن بىر يىلغا بارمايلا پۇل سوقۇش توختىتىلدى.

1889 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭدا سەرىي بىرلىك قىلغان كۈمۈش يارچەن قۇيۇلۇشقا باشلىدى. كۈمۈش يارچەن ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ئۈچ ئورۇندا

قويۇلغان، ئۇرۇمچىدە قويۇلغان يارچەنلەرنىڭ بەش مىسقاللىقى، بىر سەرلىكى بار، 1899 - يىلدىن 1912 - يىلغىچە قويۇلغان پۇللارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ.

قەشقەردە قويۇلغان يارچەنلەرنىڭ بىر مىسقاللىقى، ئىككى مىسقاللىقى، ئۈچ مىسقاللىقى، بەش مىسقاللىقى، بىر سەرلىكى بار، بۇلار 1892 - يىلدىن 1915 - يىلغىچە قويۇلغان. ئاقسۇدا قويۇلغان يارچەنلەرنىڭ بىر مىسقاللىقى، ئىككى مىسقاللىقى، ئۈچ مىسقاللىقى، بەش مىسقاللىقى بولۇپ 1893 - يىلدىن 1896 - يىلغىچە قويۇلغان.

1933 - يىلى 11 - ئايدا ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قەشقەردە بىر مىسقاللىق كۈمۈش پۇل قويدۇرغان. پۇلنىڭ بىر يۈزىگە كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ئىسلامىيەسى» دېگەن، يەنە بىر يۈزىگە «بىر مىسقال 1352 زەرەبى قەشقەر» دېگەن خەت يېزىلغان.

1949 - يىلى گومىنداڭ دائىرىلىرى بىر سەرلىك يارچەن ئويۇلغان.

ئىزاھلار:

① «ۋېي خانلىقى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى»
② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 198 - بەت.
③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىل 2 - سان، 91 - بەت.
④ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 260 - بەت (پولات شەھىرى سايرام كۆلىنىڭ شەرقىدە).
⑤ «قەشقەرىيە» 27 - بەت.
⑥ «تارىخى ھەمىدى» 383 - بەت.
⑦ «تارىخى ھەمىدى» 422 - بەت.

پايدىلانغان كىتاب - ماتېرىياللار:

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «شىنجاڭ پۇل خەۋەرلىرى»، «شىنجاڭ پۇل-مۇئامىلە ژۇرنىلى»، «جۇڭگو پۇل ژۇرنىلى» 1986 - يىللىق توپلىمى، «تارىخى ھەمىدى»، «چىڭگىزنامە»، «قەشقەرىيە»، «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 18 - بەت.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ بانكا مەكتىپى كەسپىي ئاساسىي پەنلەر كافېدراسى).

www.uyghurkitap.com

# «دولان توغرىسىدا قىسقىچە بايان»

مۇختار قادىر (دولانى)

نۆۋەتتە «دولان» دېگەن نام توغرىسىدىكى قاراشلار ھەر خىل بولماقتا. بەزىلەر ئۇنى قەدىمكى «تۇران» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېسە، بەزىلەر «دۆۋىلەن» دېگەن سۆزنىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىگە باغلاپ، «دولانلار موڭغۇللار بىر تارمىقى» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» دېگەن كىتابىغا بېرىلگەن 163 - ئىزاھاتتا (مىللەتلەر نەشرىياتى، 746 - بەت) بولسا، «دولان» سۆزى «قۇل» ياكى «تىلەمچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان. زادى قايسى قاراش توغرا؟ مەن بۇ ماقالىدە بۇ ھەقتىكى قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

ناھايىتى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى گۈلىستان — تارىم ئويمانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى بولۇپ، بۇ يەردە سان - ساناقسىز يېزا - قىشلاقلار ۋە ئاۋات شەھەرلەر مەۋجۇت ئىدى. تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا قىرپاند (ھازىرقى تاشقورغان تەۋەسىدە)، يەركەن، بارچۇق قاتارلىق دۆلەتلەر مەۋجۇت بولغان بولسا، تۆۋەن ئېقىمىدا ئۈنسۇ (ئاقسۇ)، كۇسەن، كۈنسگەت (قاراشەھەر) ۋە كروران (ھازىرقى چاقىلىق تەۋەسىدە) قاتارلىق دۆلەتلەر مەۋجۇت ئىدى. بۇ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە سۇللاغ (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەت ھەمدە نۇرغۇنلىغان كىچىك بەگلىكلەر بار ئىدى. ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي پۈتۈكلىرىدە خاتىرىلەنگەن تارىم ۋادىسىدىكى 36 دۆلەت مانا شۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، دۆلەت ئاپپاراتى خېلىلا مۇستەھكەم، ئىگىلىكى گۈللەنگەن ھالەتتە ئىدى. مانا شۇ دۆلەتلەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا (بۈگۈنكى مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا) قويۇق ئىپتىدائىي توغراقلىق بولۇپ، بۇ توغراقلىقتا توپ - توپ ئوۋچىلار ياشايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ توغراقلىققا (بۇنىڭ بىر قىسىم ئىزنالىرى ھازىرمۇ بار)، كېلىپ توپلىنىش سەۋەبى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن ۋاقىتىنچە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغانلار، بەزىلىرى ھۆكۈمران-

لارنىڭ قاتمۇ قات زۇلۇملىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغانلار، يەنە بەزىلىرى بولسا شىكار (ئوۋ) غا ھېرىسمەنلەر ئىدى. بۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئوۋچىلىق ھاياتىدا بارغانسېرى ئاۋۇپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش، قۇدىلىشىش، مەھەللىلىشىش، ئىجتىمائىي بىرلىككە ئايلىنىشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي كوممۇنا باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى. بۇنداق توپلانغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەتراپتىكى ئۇيغۇر قەبىلىرىدىن كەلگەنلەر بولغاچقا، ئۆزلىرىنى بىردەك قان - قېرىنداش ھېسابلاشتى ۋە ناھايىتى تېزلا «دۆۋىلەنگەن (توپلانغان) ئوۋچى ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتاشتى. دولان دېگەن نام ئەنە شۇ «دۆۋىلەن» دېگەن سۆزنىڭ كېيىنكى شەكىل ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى يىللاردا يۈز بەرگەن. مىلادىيىدىن كېيىنكى يىللاردا بولسا دولان (دۆۋىلەن) ئۇيغۇرلىرى ئاللىقاچان بىر يۇرتلۇق ئىجتىمائىي بىرلىككە (قەبىلىگە) ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز بىردەك تېلىلار (تۇرالار، چېلىلار دەپمۇ ئاتالغان، يېقىنقى زاماندىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار تۇران دەپمۇ ئاتىماقتا) دەپ ئاتىلاتتى. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «خۇيخېلار (ئۇيغۇرلار) ئەسلىي ھۇنلاردىن كېلىپ چىققان. كۆپىنچە ئىگىز چاقلىق ھارۋىدا يۈرىدۇ. شىمالىي سۇلالىلەر (386 — 581) دەۋرىدە گاۋچې ياكى تېلى، چېلى دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ 15 قەبىلىسى بار ئىدى» دېيىلگەن ۋە بۇ 15 قەبىلە بىر - بىرلەپ ساناپ كۆرسىتىلگەن. ئىنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى دوبان، دولانغۇتتىن ئىبارەت («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986 - يىل 2 - سان، 137 - بەت). «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار تەزكىرىسى» دە: «قاڭقىللار دەسلەپ دېلى دەپ ئاتىلاتتى. شىمالدا چېلى دەپ ئاتالغان. شيالار ئۇلارنى قاڭقىللار، دېڭلىڭلار دەپ ئاتىغان.» دېگەن مەلۇمات بېرىلگەن. يەنە نۇرغۇنلىغان خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز دېڭلىڭ دەپ خاتىرىلەنگەن. «دولان» دېگەن نامۇ ھەرخىل تەلەپپۇزدا خاتىرىگە ئېلىنغان، بۇگۈنكى مەكىت (دولان) رايونىنىڭ يېزا - كەنتلىرىدە تېلىلاشقان (تۇرالاشقان) يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر ئۇچرايدۇ. بۇ بىر قاتار ئەھۋاللاردىن، دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭمۇ باشقا قېرىنداش قەبىلىلەرگە ئوخشاش خېلى مۇستەھكەم ئىجتىمائىي توپ سۈپىتىدە ياشىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى يالغۇز ئىپتىدائىي توغراقلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، باشقا ئۇيغۇر قەبىلىرىگە ئەگەشكەن ھالدا ئاۋۋال غەربتىن شەرققە شىمالغا سۈرۈلگەنلىكىنى، بۇ سۈرۈلگەن قىسمىنىڭ VII ئەسىردىن باشلاپ يەنە غەربكە (ئانا ماكانى — دولان دەرياسى بويلىرىغا) قايتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مىلادىدىن ئىلگىرى دولان ئۇيغۇرلىرى توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان جاي تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى. چوڭ قۇملۇقنىڭ شىددەت بىلەن كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ جايغا كېلىدىغان پەسىللىك دەريا سۇلىرىمۇ قۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە دولان ئۇيغۇرلىرى يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا يېقىنلىشىپ، بۇ دەريانىڭ ئۆز يېنىدىن ئۆتكەن قىسمىنى دولان دەرياسى دەپ ئاتىدى. بۈگۈنكى مەكىت ناھىيىسى ئەنە شۇ دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدۇر. بۇ جايدىكى يەرلىك خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت كەڭرى تارقالغان: دولانلار ئەسلىدە تەكلىماكان قۇملۇقى كۆمۈۋەتكەن بىر شەھەردە ياشايدىكەنمىش. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى باياشات بولۇپ، ھەتتا ئىتلىرىغا ئاش بېرىدىغان يالاقلىرىدىن تارتىپ ئالتۇندىن ياسالغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەرگە چەت جايدىن نۇرغۇنلىغان جوھۇتلار (دىنسىزلار) كېلىپ قاپتۇ. تەڭرى غەزەبلىنىپ 41 كېچە-كۈندۈز قۇم ياغدۇرۇپتۇ ۋە دولانلارغا: ئەي ئۇممەتلىرىم، ھايات قالىمەن دېسەڭلار مومىنىڭ ئۈستىگە موما قاداپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى 41 كېچە-كۈندۈز ئايلىنىڭلار! دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتا-بوۋىلار ئىگىز دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ موما قاداپتۇ-دە، تەڭرىگە سېغىنىپ شۇ مومىنى 41 كېچە-كۈندۈز ئايلىنىپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر قۇمدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ. پەقەت يەتتە كىشىلا ئەڭ ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىپتۇ. قۇم يېغىش توختىغاندىن كېيىن ئۇلار شىمالغا قاراپ يۆتكىلىپتۇ. ئاخىرى تىزناپ دەرياسىنىڭ ئاخىرقىي قىسمىغا، يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. بۈگۈنكى دولانلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەتمۇ سۆزلىنىپ تۇرىدۇ: بۇرۇنقى زامانلاردا دولانلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى قامان (شامان) دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئومايلىرى (ئايال داخانلىرى) ناھايىتىمۇ ئەقىللىق بولۇپ، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارغا ئالدىن ھۆكۈم چىقىرالايدىكەن. بۇ ئومايلارنىڭ چوڭلىرى دولىلار (ئۆشنىسىدە ئەقلى بارلار) دېيىلىدىكەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب — ئۇلارنىڭ ھەمىشە ياۋا توڭگۇزنىڭ تاغاق سۆڭىكىگە ئويۇلغان ئايەت ۋە ئەپسۇنلارنى كۆتۈرۈۋالىدىغانلىقىدا ئىكەن. ھازىرمۇ مەكىت رايونىدا ئايال قوشناچىلار (پېرىخونلار) كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەر پېرىخونلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ تەسىرى بىر قەدەر كەڭ، يىلتىزى چوڭقۇر. شۇڭا بۇ خىل رىۋايەتلەر مەلۇم تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە.

«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ «ئۇيۇشماق. ئۇيۇشۇش» دېگەن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. «دۆۋىلەن» دېگەن سۆزمۇ «توپلۇشۇش، ئۇيۇشۇش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دولانلىقلارنىڭ ھېچقاچاندىغى ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر ئەمەس دېگىنى

يوق. شۇڭا دولان دېگەن نامنىڭ ئېتنىك مەنبەسى «دۆۋىلەن» دىن ئىبارەت دېگەن قاراش بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئەپسۇسكى بەزىلەر ئۇنى موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈۋاتىدۇ. «تارىخى ھەممدى» دېگەن كىتابتا: دوغلات سۆزى موڭغۇلچىدا ئاقساق دېگەنلىك بولىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ 3 - تاغىسى 8 پەرزەنت كۆرگەن، ئۇنىڭ 6 - سى ئاقساق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەۋمىمۇ ئاقساق دېگەن نام بىلەن ئاتالغان دەپ يېزىلغان. ئۇيغۇلار (دېڭلىڭلار) نىڭ دولان قەبىلىسى شەكىللىنىپ خاتىرىگە ئېلىنغان ۋاقىتتا (خەن دەۋرىدە) موڭغۇللار تېخى باش كۆتۈرۈپ چىقمىغان ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، دولانلىقلار قانداقمۇ موڭغۇللار بىلەن قانداش بولۇپ قالسۇن؟ بۈگۈنكى دولان رايونىنىڭ (ئاساسەن مەكىت ناھىيىسىنىڭ) يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندىمۇ، پۈتۈنلەي قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇق يالقۇنلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ جايدا كەڭ ئوينىلىدىغان دولان مەشرىپى، كەڭ ئومۇملاشقان دولان چالغۇ ئەسۋابلىرى قاتارلىقلار. دولان مەشرىپى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەل - نەغمىلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغان تەركىبىي قىسمىدىن ئىبارەت. بۇ رايوننىڭ قاتنىشى قۇلايسىز، سىرتقى تەسىرگە ئۇچراش نىسبىتى بەكمۇ تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئەينى ۋاقىتتىكى قامان دىنىنىڭ پىرە ئويناش، جانلىقلارنى قان قىلىش، ئەپسۇن ئوقۇپ تۇمار پۈتۈش دېگەنگە ئوخشاش ئادەت ۋە پائالىيەتلىرى ھېلىمۇ كەڭ قانات يېيىپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىنمۇ دولان ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئېتىقادىدا خېلى چىڭ تۇرغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن «لولىلار» (جاھىل تولىكىلەر، مىكىرچىلەر)، «تىلەمچىلەر» دەپ ھاقارەتلىنىپ كەلگەن. ھەتتا دولانلىقلارنى قۇل قىلىپ ئېغىر ئىشلارغا سالغان ھەم «قوڭغۇز يىگەن دولانلىق» دەپ مەسخىرىمۇ قىلىشقان (بۇ ھەقتە ئايرىم رىۋايەتمۇ توقۇلغان). بەزىلەر مانا شۇ ئەھۋاللارغا قاراپلا «دولان» سۆزى «قۇل»، «تىلەمچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. دېمەك، مېنىڭچە بۇ ئىلمىي، ئەتراپلىق بولمىغان قاراشتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە دولانلىقلار مەكىت ناھىيىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن باشقا يەنە، مارالبېشى، يەكەن، ئاقسۇ، ئاۋات، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا، جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە تۈركىيىدىمۇ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مەكىت، ئاۋات قاتارلىق جايلاردىكى دولان مۇقامى، دولان مەشرىپى، دولان سەنئىتى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: قاغىلىق - كۆكيار نېفىتلىكى پەرزەنتلەر مەكتىپى)

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش نومۇرى: 703